بالىلار ناخشىلىرى قەلئەسى

# خاسىيەتلىك قەلەم

يۈ ۋېنشېڭ ئەسەرلىرى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

责任编辑：雄卡尔江·库尔班
责任校对：古丽巴哈尔·托合塔木
装帧设计：热依汗古丽·依不拉音

儿歌城堡
**神奇的笔**（维吾尔文）
于文胜 著

新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社 出版
乌鲁木齐市西虹西路36号 邮政编码：830000
（出版物研发营销中心 电话：0991-7910393）
新疆新华书店发行 新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
787 mm×1092 mm 32开 2.125印张
2008年12月第1版 2009年1月第1次印刷

ISBN 978-7-80744-548-7 定价：6.20元

مەسئۇل مۇھەررىرى: شۆھرەتجان قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: رەيھانگۈل ئىبراھىم

بالىلار ناخشىلىرى قەلئەسى

**خاسىيەتلىك قەلەم**

**ئاپتورى: يۈ ۋېنشېڭ**

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى №36 پوچتا نومۇرى: 830000
(تارقىتىش بۆلۈم تېلېفونى: 7910393 — 0991)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787mm × 1092mm 1/32 باسما تاۋىقى: 2.125
2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 2009 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978-7-80744-548-7
باھاسى: 6.20 يۈەن



# مۇندەرىجە


خاسىيەتلىك قەلەم ........................ 1

قارا تاغ ........................ 4

ئالتاي تېغى ........................ 5

ئېتىزدىكى خور ........................ 6

ھوسۇل شادلىقى ........................ 7

ئەگەر ........................ 8

يەر قالپىقى ........................10

قىران دەرياسى ........................13

ھەسەن - ھۈسەن ........................15

ماختاۋەرمە ئاق قۇشقاچ ........................17











يەنىلا يېشىل ..........................20

قۇياشقا ..............................21

قار چېچەكلىرى .......................22

ئاي، بۇلۇت ۋە يۇلتۇز ...................23

گۈيلىن مەنزىرىلىرى ....................24

سۇنىڭ قۇلىقى .........................25

ئاچ كۆز بېلىق ۋە ئويۇنچى بالا ............26

كۆز شامىلى ...........................27

مەن شۇنداق بىر خىيالدا ..................28

تۇغۇلغان كۈنۈم. ........................31

ئىنىم ..................................34

شېرىنىنىڭ ھېكايىسى .....................37







موماي كۆلدى .................... 43

گىلەمچى قىز .................... 44

بىنا سېلىش .................... 45

خەت .................... 46

مەستلىك .................... 47

غايىلىك قاغا .................... 48

سېغىزغان ۋە قاغا .................... 58



نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك .............. 59

بولغۇم بار .................... 60

مەن ـ يېشىل .................... 61






# خاسىيەتلىك قەلەم

خاسىيەتلىك قەلىمى بار دادامنىڭ،
نەگە دېسە ئاشۇ يولنى بويلايدۇ.
دادام ئاشۇ قەلەم بىلەن ھەر كۈنى،
قىزىقارلىق چۆچەك يېزىپ ئوينايدۇ:
ئۆچكىلەر يېڭىپ چىقار بۆرىنى،
تىيىن تاقار تىرىشچانلىق گۈلىنى...
مەنمۇ ئامراق دادام يازغان چۆچەككە،
ئايرىپ بېرەر چۆچەك ياخشى - يامانىنى.
تەلىم بىرەر ئوبدان بالا بولغىن دەپ،
چۈشەندۈرەر بىزگە كەڭرى جاھاننى.



خاسىيەتلىك قەلىمى بار ئانامنىڭ،
نەگە دېسە، ئاشۇ يەرنى كېزىدۇ.
ئانام ئاشۇ قەلەم بىلەن ھەر كۈنى،
نۇرغۇن گۈزەل رەسىملەرنى سىزىدۇ:
جۇمۇلاڭما چوققىسىدا ئاپئاق قار،
ئېگىز تاغقا شارقىراتما بولار يار...
مەن بەك ئامراق ئانام سىزغان رەسىمگە
ۋە ئانام رەسىم سىزىدىغان قەلەمگە.
كۆرۈپ گۈزەل تاغ - دەريانى، يايلاقنى،
مۇھەببىتىم، زوقىم ئاشار ۋەتەنگە.

خاسىيەتلىك قەلىمىم بار مېنىڭمۇ،
ئاتا ـ ئانام قەلىمىدەك تاقلايدۇ.
ئۇنىڭ بىلەن ھەركۈن يازغان خېتىمنى،
مۇئەللىملەر خۇشال بولۇپ ماختايدۇ.
قاراڭ، خەتلەر شۇنچە رەتلىك، چىرايلىق،
ھېسابتىكى جاۋابلارمۇ دەل توغرا.
قولۇمدىكى خاسىيەتلىك شۇ قەلەم،
كەلتۈرمەكتە دەستە ـ دەستە گۈل ماڭا.



# قارا تاغ



قارا تاغنىڭ باغرىدا ـ پەستە،
بىر قەبرە بار يەككە ـ يېگانە.
يوقتۇر ئۇنىڭ نامى ـ شەرىپى،
ئەتراپىدا گۈللەر پەرۋانە.
دادام مېنى بارىدۇ ئېلىپ،
چوكانتالدا شۇ تاغ باغرىغا.
ھەر قېتىم ئۇ سۈكۈتتە تۇرۇپ،
ياش تۆكىدۇ قەبرە ئالدىدا.

قەبرىدىكى ئادەم ــ ئەل ئۈچۈن،
قۇربان بولغان قەھرىمان ئىكەن.
باش ئەگمەستىن دۈشمەنگە ھەرگىز،
ئاشۇ تاغدا جەڭ قىلغان ئىكەن...

شۇنىڭ بىلەن قەلبىم تۆرىدىن،
ئورۇن ئالدى ئاشۇ قەھرىمان.
قارا تاغنىڭ چوققىلىرىغا
ئۇنىڭ قەددى بولدى يانمۇ يان.

# ئالتاي تېغى

ئالتاي تېغى، ئالتاغ تاغلىرى،
چوققىلىرىڭ ئېگىز شۇنچىلا.
ئېتەكلىرىڭ زېمىندە ياتار،
بېشىڭ تېگىپ تۇرار بۇلۇتقا.

ياز كۈنلىرى،
ئايىغىڭدا يۈيۈنۈپ يۈرسەك،
كىيىۋالدىڭ قېلىن ئاق تۇماق.
غەرىزىڭ بەلكى بىزنى ھۆرمەتلەپ،
ئۆزۈڭنى سەل كىچىكرەك تۇتماق.

بېشىڭ قاردا توڭۇپ مۇزلىسا،
پۇتۇڭ كۆيۈپ تۇرار ئاپتاپتا.
بىلەلمىدىم، سەن چىداپ قانداق،
ياشىغانسەن مۇنداق ئازابتا؟



# ئېتىزدىكى خور

ھەيۋەتلىك، جاراڭلىق بىر خور ياڭراپلا،
كەڭ كەتكەن پايانسىز ئېتىز ـ دالىنى
چۆچۈتۈپ ئويغاتتى شېرىن ئۇيقۇدىن.
يورۇتتى ئەتراپنى قىزىل نۇر چاقناپ،
تاغا ـ ھەدىلەرنىڭ شادىمان تۇرقىدىن.

تاراقلاپ كومبايىن سول يېرىپ ماڭسا،
تراكتور ئېلىپ ماڭدى تاغدەك بىر قۇرنى.
كەڭ دالا ـــ ئالتۇندا يېزىلغان نوتا...
كومبايىن، تراكتور نەغمىچى بولۇپ،
ئورۇنداپ ماڭماقتا بۇ ھەيۋەت خورنى.





# هوسۇل شادلىقى

ئالتۇن رەڭ بۇغدايلىق ــ
ئۈمىد دېڭىزى.
كومبايىن دولقۇنلار
ئەۋجىدە بارار.
ئۆركەشنى بۆسەر ۋە
دولقۇننى يارار.
كۈمۈش تەر ھاسىلى
بولغان گۆھەردان
گۈزەل يالتىرار.

قىپقىزىل تراكتور تاڭ قۇياشىدەك
نۇر يۈكلەپ، شادلىق ۋە ئۈمىد قاچىلاپ،
ئۇلارنى ئەل ـ خەلق قەلبىگە سالار.
ھە، شۇندا ئادەملەر تەلپۈنۈپ ئالغا،
ئىشىنىپ تېخىمۇ گۈزەل ئىقبالغا،
مەنزىلنى كېلەچەك دۇنيادىن تاپار.

# ئەگەر...

يەر شارىمىز قۇملىشىپ،
چۆللا بولسا ئەگەردە؛
نېمىدېگەن دەھشەتلىك،
نېمە قالار نەزەردە!

گۈل - گىياھلار بولمىسا،
سۇ بولمىسا ئېرىقتا؛
كەڭ جاھاننى قۇم باسسا،
جان قالامدۇ بۇ يۇرتتا؟



قۇم دېگەن بۇ ئالۋاستى،
قارنى يامان، تويمايدۇ.
ئۇنىڭ ۋەھشىي باسقۇنى،
ھېچنېمىنى قويمايدۇ.

قەدىرلەيلى دۇنيانى،
جىرىم تىكىپ، گۈل تېرىپ.
يېشىل سېپىل ياسايلى،
ئاققان قۇمغا مۇشت بېرىپ.





# يەرقالپىقى

چىپ ـ چىپ، چىپ ـ چىپ،
چىپ ـ چىپ، چاپ ـ چاپ،
لەرزان ياغماقتا يامغۇر.
يەرنى چېكەر، گويا ئۇ
ئويغاتماق بوپ كىمنىدۇر.

هە، يەرقالپىقى يوتقاندىن
چىقماقچىكەن ئەسلىدە.
كۆز ئۇۋۇلاپ، باش قاشلاپ،
ئىللىق يامغۇر پەسلىدە.
شادلىنىشتى ئوت- چۆپلەر،
ۋارقىرىدى بىر گىياھ:
«يەرقالپىقى، چىققىن تېز،
تېپىشىپ ئوينايلى بىز!»



يەرقالپىقى ئالدىراپ،
كىيىنىشنى ئۇنۇتتى.
يالىڭاچلا چىقتى ـ دە،
دوستلىرىغا يولۇقتى...



# قىران دەرياسى

ئالتاي تاغلىرى گويا،
مېھرىبان بىر ئانىدۇر.
باغرى كەڭرى پايانسىز،
بالىلىرى ساناقسىز.
شۇ بالىلار ئۈچۈن دەپ،
تولغان ئەمچەكلىرىدىن،
ئاپئاق سۈتى ئاقىدۇ.

دەريا بولدى ئاق سۈتى،
ئەمەس ئېرىگەن ئەگىز.
ئېمىپ ئاشۇ ئاق سۈتنى،
ئاپئاق، بۇدرۇق بولدۇق بىز.



بالىسى ئىكەن شۇ تاغنىڭ
دادامىز ھەم ئانامىز.
بالىسى ئىكەن ھەتتا
قېرى بوۋام ـ موماممىز.

ئۇلارمۇ خۇددى بىزدەك،
ئاشۇ سۇتنى ئەمگەنمۇ؟
قىران دەريانىڭ سۇتى
ئۇلارغىمۇ بىز كەبى
خۇشبۇي پۇراق بەرگەنمۇ؟



# ھەسەن ـ ھۆسەن

ھەدەمدۇر مېنىڭ،
بۇلۇت بەك ئىشچان،
ئۇ ناپاكلىقلا
بەرمەيدۇ ئىمكان.
تازىلاپ تۇرار
زېمىن يۈزىنى.
ئاياپ تۇرمايدۇ
ھەرگىز ئۆزىنى.

تامچە ـ تامچە تەر،
ئاقار مەڭزىدىن،
چىپىلداپ دائىم .





قالماي ئەۋجىدىن.
پاكلاندى ئاسمان،
سۈزۈك ئەينەكتەك.
قۇياش بوۋاي خۇش،
ئاستى ھەدەمگە،
ھەسەن- ھۈسەندىن
ياساپ چەمبىرەك.

# ماختاۋەرمە ئاق قۇشقاچ

ۋىچىر - ۋىچىر
ۋىچىر - ۋىچ،
خاتالاشتىڭ ئاق قۇشقاچ،
بېشىمدىكى رەڭدار بۆك،
ئەمەس ھەرگىز ئېسىل تاج .





ۋىچىر - ۋىچىر

ۋىچىر - ۋىچ،

خاتا ئەمەس راستىنلا.

چاپان تېپىۋېلىپ تاپشۇردۇڭ،

كارىدورنى سۈپۈردۈڭ،

كۆرۈپ تۇردۇم تارتىنما.

هەي، هەي قۇشقاچ
گەپ قىلما،
بۇنچىلىك گەپ كەتمەيدۇ
قىلغان ئىشلىرىم مېنىڭ،
لېي فېڭ تاغىغا يەتمەيدۇ.

ۋىچىر - ۋىچىر،
ۋىچىر- ۋىچ،
قۇشقاچ قىزچاققا باردى.
دېدى قىزچاق: ماختىما،
يۈزۈم مېنىڭ قىزاردى.



# يەنىلا يېشىل

بىر كۈن سەھەر تۇيۇقسىز،
مەن ئويغىنىپ قارىسام،
ئەتراپتىكى ياپراقلار
سارغىيىپتۇ بە تامام.
ھاڭ- تاڭ بولۇپ ئالدىراپ،
ئاچتىم دەرھال كىتابنى.
ھەيران بولدۇم كۆرۈپلا،
كىتابتىكى ياپراقنى،
ئۇ يەنە يېشىل تۇرغان.

ئېسىڭدىمۇ ئىككىمىز،
بۇ كىتابنىڭ ئىچىگە
يېشىللىقنىڭ ئىچىدە
بىر ياپراقنى قىستۇرغان،
بۇ بىر مەخپىيەت بولغان،
ئىككىمىز بىلىدىغان.



# قۇياشقا

قۇياش بوۋاي تاش ئۈستىگە باش قويدى،
شەپەق دەرھال لەۋ سۈرۈختەك رەڭ ئالدى.
مەن ئاغرىندىم: نېچۈن بالدۇر ئۇخلايسەن؟!
دادام ھەيدەپ بولالمىدى يېرىنى،
ئانام بېقىپ بولالمىدى مېلىنى،
تولدۇرمىدىم مەن قوشنامنىڭ كۆپىنى!



قۇياش دېدى:
ئاغرىنساڭمۇ ئامال يوق.
مەن دېدىمكى:
ئۇخلىساڭمۇ ئۇخلاۋەر،
بىز قىلايلى ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى!

# قار چېچەكلىرى

كەل، مەرھابا،
ھەي، سەن ئۇچقۇر قار چېچەكلىرى،
مۇھەببىتىڭ چوڭقۇر بولغاچقا،
قايتىپ كەپسەن ئانا يۇرتۇڭغا.
گەرچە سەن يىراق كەتكەن بولساڭمۇ،
ئۆزۈڭنى بىر گۈل ئەتكەن بولساڭمۇ.

لېكىن شۇندىمۇ ئۇنتۇپ قالماپسەن،
ئەسلىي زېمىنىدا ئۆزۈڭنىڭ پەقەت
بىر تامچىلا سۇ ئىكەنلىكىڭنى.
ئىزدەپ كەپسەن سۆيگەن يېرىڭنى.
مەن ئۆگىنىمەن سەندىن تائەبەد،
يۇرتنى سۆيۈشنى، ئەلگە كۆيۈشنى.



# ئاي، بۇلۇت ۋە يۇلتۇز

ئورغاق كەبى ھىلال ئاي،
مېنىڭ كېمەمدۇر.
كېسىپ ئالغان بىر بۇلۇت،
ئاڭا يەلكەندۇر.

قاراڭ ئاۋۇ چوڭ يۇلتۇز،
ئۆزۈم بولىمەن.
بىلىم دېگەن پالاقتا،
ھەيدەپ كېمەمنى،
ئالەم سىرىنى ئېچىپ،
كۆچكە تولىمەن.



# گۈيلن مەنزىرىلرى

زۇمرەتتەك سۇ تىنماي لەپەڭلەپ،
يېشىل تاغنى تەۋرىتەر نوقۇپ.
يېشىل تاغ مەست بولغاندەك گويا،
سۆيەر سۇنى ئاپىرىن ئوقۇپ.
تاغنىڭ قەددى سۇنىڭ قەلبىدە،
سۇنىڭ تەمى تاغنىڭ قەلبىدە.
نامايانىدۇر ھەركۇن، ھەركېچە...
سال ئۇستىدە تۇرغان بىر ئاشىق،
سالما تاشلار ئارقا - ئارقىدىن.

ئۇ گوياكى،
تاغ قوينىغا ئېتىلىپ كىرىپ،
ئۇ يەردىكى سۆيۈشۈشلەرنى،
كۆيۈنۈش ۋە كۆيۈشۈشلەرنى،
سۇرەت قىلماق بولۇر قايتىدىن.



# سۇنىڭ قۇلىقى

ئېرىقتىكى كىچىك ئۆركەشلەر،
گويا سۇنىڭ قۇلىقىدەك تىك.
سورىدىم: سۇ ئاڭلىدىڭ نېمە؟
سەن نېمىشقا خۇشال ۋە ئىتتىك؟

ئېرىق ئېيتتى:
قۇشلار سايرىشىپ،
ئېچىلماقتا گۈللەر ـ چېچەكلەر.
ئوقۇماقتا بالىلار كىتاب،
باھار كەبى تىلەپ تىلەكلەر.



# ئاچ كۆز بېلىق ۋە ئويۇنچى بالا

دادام بىلەن كۆل بويىدا بېلىق تۇتقاندا،
نۇرغۇن بېلىق دۆۋىلەندى تۇرغان، قىرغاققا.
بېلىقلارنى سېلىۋېتىپ سېۋەتكە كۈلدۈم:
ئاچ كۆز بولغاچ ئىلىنىدىغۇ مۇشۇ قارماققا.

دادام دېدى شۇ چاغ ماڭا:
ئالدىراپ كۈلمە،
«لاياقەتسىز» بولدۇڭ سەنمۇ ئويۇنچىلىقتىن.
«لاياقەتسىز» بولۇشنىڭمۇ قاپقانلىرى بار،
دەسسىمەيمەن، ساۋاق ئېلىپ مەن ئۇ بېلىقتىن.



# كۈز شامىلى

غازاڭلارنى تېرىپ تۈگەتسەم،
مېنى ئۇنى يەنە تەرسۇن دەپ،
يوپۇرماقنى تۆكۈپ قايتىدىن،
كۈز شامىلى قوزغالدى ئەدەپ.
ئۇرۇشقۇم كەلدى بۇ شامال بىلەن،
قوزغاپ قالدى ئاچچىقىم ئەجەپ.

كۈز شامىلى كەپسىزلىك قىلىپ،
دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى
تۆكۈۋەتتى يەرگە بىردەمدە.
كوچىلارنى سۈپۈردۈم دەرھال،
ئۆيۈمدىكى شۇ سۈپۈرگەمدە.





# مەن شۇنداق بىر خىيالدا

بولۇپ كەلدىم مەن شۇنداق بىرخىل خىيالدا:
كەشىپ قىلسام خاسىيەتلىك ماشىنا؛
كىم ئاچ قالسا، ئۇسساپ كەتسە ۋە توڭسا،
بۇ ماشىنام شۇ ھاجەتمەن ئالدىغا
ئىسسىق بولكا، شاكىلاتنى تەق قىلسا؛
چىقىرالىسا بۇ ماشىنا سۈت، شەربەت،
تىكەلىسە ھەتتا پۈزۈر كىيىملەر،
ئويۇنچۇق ۋە كىتابنىمۇ سەپ قىلسا.

دېمەن: بۇنداق ماشىنىنى كۆپ ياساپ،
سوۋغا قىلسام پۈتكۈل جاھان ئەھلىگە.
سېرىق، ئاق ۋە قارا تەنلىك، ھەتتاكى
قوڭۇر تەنلىك بالىلارمۇ قالماستىن،
ھەممە خۇشال ئىگە بولسا بەھرىگە.

بولسا ئەگەر ئاشۇنداق بىر ماشىنا،
جاھاندا ئاچ ـ يالىڭاچلار قالمايتتى.
يوقسۇزچىلىق بالىلارنىڭ جېنىنى
«سەرەڭگىچى قىز»نىڭكىدەك ئالمايتتى.



كۇلۇشمەڭلار مېنى خىيالپەرەس دەپ،
دادام ئېيتتى بۇنى ئوبدان ھەۋەس دەپ.
ئەگەر مۇشۇ نىشان بويلاپ تىرىشىپ،
كۆپ ئۆگەنسەڭ، خىيالىڭنىڭ ئاخىرى
نۇرلانمىقى ئانچە قىيىن ئەمەس دەپ.






# تۇغۇلغان كۈنۈم

بۈگۈن مانا دېكابىرغا يىگىرمە توققۇز،
بۇ كۈن مېنىڭ بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنۈم.
كالېندارنىڭ بۇ بېتىنى ئۆرۈيدىغانغا،
تەقەززا بوپ يىل بېشىدىن تارتىپلا كۈتتۈم.
بۇ كۈتۈشۈم ئاچ كۆزلۈكتىن ئەمەس ھەرگىزمۇ،
سوۋغا ـ سالام، تورت، كەمپۈتلەر قىلماس مېنى لال.
بۈگۈن پەقەت ئۆز يېشىمغا بىر ياش قوشۇلۇپ،
ئۈچ بارماقتەك ئۆسكىنىمگە بولىمەن خۇشال.
بۇ ئۆسۈشنىڭ خاسىيىتى مەن ئۈچۈن بەك زور،
گەرچە خەقلەر تېپىشسىمۇ شادلىقتىن قۇسۇر.

مەن كۆڭلۇمدە سىرتقا چىقىپ ئوينىماق بولسام،
مومام توسۇپ: سەن كىچىكسەن، ئۆيدە بول، دەيدۇ.
دوستلار بىلەن دالىدا گۇل تەرمەكچى بولسام،
سەن بەك كىچىك، سىرتقا چىقما هەي ئوغۇل دەيدۇ.
مەن مەكتەپكە ئۆزۇم يالغۇز بارماقچى بولسام،
«چوڭلار بىللە ئاپارسۇن» دەپ رۇخسەت بەرمەيدۇ.
شۇنىڭ بىلەن دوستلار دائىم مەندىن كۇلۇشتى،
«ياغلىقنىمۇ يۇيالمايسەن دۆت» دەپ يۇرۇشتى.
مەن ئايلاندىم قەپەستىكى قۇشنىڭ ئۆزىگە،
قارىيالماس بولۇپ قالدىم دوستلار يۇزىگە.



ئېيتىپ بېقىڭ، چوڭ بولۇشقا تەشنامىكەنمەن،
كالپېندارنى تېز ئۆرۆشكە ئاشنامىكەنمەن!
قاپتۇ يەنە كىچىككىنە بىر مەخپىيەتلىك،
ئېيتىپ قوياي: دادام ئالدى يېڭى كالپېندار،
كېلەر يىلنىڭ بولسىمۇ مەن يىرتتىم بىر قاتار.

قاراڭ، ئۇندا دېكابىرغا يىگىرمە توققۇز،
ئەتە خۇشال چوڭ ئاۋازدا قىلىمەن ئېلان:
تۇغۇلغان كۇن كەلدى ماڭا، موما بۇ نەۋرەڭ
توققۇز ياشتىن ئاتلاپ ئۆتتى ئون ياشقا تامان.



# ئننم

كەپسزلىكتە داڭ ئالغاچ ئننم،
«غوۋغا» دېگەن نامى بار ئىدى.
كۆرۈپ «چېگرا جەڭچىسى»نى ئۇ،
توساتتىنلا ياۋاش بوپ قالدى.
جېدەل، غوۋغا قىلمايدۇ هازىر،
رەسىم سىزار دائىم كۆن بويى.
سوراپ قالدىم بىر كۆن ئۇنىڭدىن،
رەسىم هەقتە بار قانداق ئويى.
جاۋاب بەردى ئۇ كۈلۈپ خۇرسەن:
«هازىرچە بۇ مەخپىي هەممىگە.
ۋاقتى كەلسە بىلىپ قالىسەن.»



رەسىمىنى سىزىپ بولۇپ ئۇ،
خۇشاللىقتا كۆرسەتتى ماڭا.
كۆرۈپ ئۇنى قاقاقلاپ كۇلدۇم،
سىزغان ئىدى يېڭىچە دۇنيا:
گۇللۇك پەلەي، پاختىلىق چاپان،
قولاقچا ۋە يۇڭلۇق جۇۋا.



قار ياغقاندا پوچتىكەش كەلدى،
چېگراچىنىڭ خېتى كەلدى پات،
ئوقۇپ ئۇنى ئىنىم بولدى شاد:
«غوۋغا ئاتلىق كىچىك دوستىمىز،
ئەۋەتىپسىز ‹پاختىلىق كىيىم›.
ئۇنى ‹كىيىپ› تەن - ۋۇجۇدىمىز
قىزىپ كەتتى يەنە بىر قېتىم...»
ئەمدى بىلدىم: مېنىڭ بۇ ئىنىم،
كىچىك تۇرۇپ پىشىپ كېتىپتۇ.
خۇشال بولۇپ قارىدىم ئاكا،
بويى مەندىن ئېشىپ كېتىپتۇ.



# شېرىننىڭ ھېكايىسى

شېرىن كۆرۈپ نۇرغۇن كەمپۈت، ئويۇنچۇق،
شوخ كۆزلىرى ماگىزىندا ئوت ئالدى.
شۇ چاغ تارتىپ ئانىسىنى ئالدىغا:
«ئۇنى ماڭا ئېلىپ بەرگىن» دەپ قالدى.



شېرىن  كۆرۈپ گۈلزاردىكى گۈللەرنى،
خۇشال بولۇپ شوخ كۆزلىرى قاماشتى.
تاقىتى تاق بىر جايىدا تۇرالماي،
«ئۈزۈپ بەر» دەپ مومىسىغا ياماشتى.





شېرىن كىرىپ كىتابخانا ئىچىگە،
بولدى گويا كۆرگەن كەبى چوڭ دۇنيا.
بىر رەسىملىك كىتابنى ئۇ كۆرسىتىپ،
دادىسىغا دېدى: «ئېلىپ بەر ماڭا.»

ئىزا تارتىپ يېپىشۋالدى يۈزىنى،
ئۇ كىتابنى كۆرۈپ بولۇپ شۇئانلا.
«قىلماي ئەمدى بۇندىن كېيىن خەقىشلىك.
بولاي دەيمەن شۇنداق ياخشى بىر بالا».





سوراپ قالدى دادىسىدىن باھاردا:
«دەرەختىكى ياپراق نېچۈن يېشىل؟» دەپ.
كۆز كەلگەندە ئانىسىنى چاقىردى:
«ياپراق نېچۈن سېرىق ھەتتا قىزىل؟» دەپ.
قىشتا يەنە مومىسىدىن سورىدى:
«ياپراق نېچۈن يەرگە چۈشەر ئۆدۈل؟» دەپ.
ئويلاپ قالدىم: بىزنىڭ شېرىن چوڭ بوپتۇ،
مېڭىسىنى ئىشلىتىشكە باشلاپتۇ.
ئەقىل ـ ھوشلۇق بولۇپ قاپتۇ ئەمدى ئۇ،
ئەسلىدىكى بەتخۇيىنى تاشلاپتۇ.



بالىلارنىڭ باغچىسىدا بالىلار،
«كۆچۈك يەتسە تۇتۇۋال»نى ئويناپتۇ.
شىرىن ئەسلىي سار بولماقچى ئىكەندۇق،
لېكىن كۆڭلى بۇنىڭغا يول قويماپتۇ:
كىچىكلەرنى بوزەك قىلىش ياخشى ئەمەس،
مەن ھەرگىزمۇ چۈجىلەرنى باسمايمەن.
بولسام ئەگەر بۈركۈت بولۇپ مەڭگۈگە،
كىچىك - ئاجىز چۈجىلەرنى ئاسرايمەن!

# مومام كۈلدى

ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى،
ئاپتوموبىل بىردىن گۈركىرەپ.
چۈشۈرۈشتى رەڭلىك تېلېۋىزور،
ئەل - جامائەت بىللە پەپىلەپ.
ھەدىلەر ھەم تاغىلار كەلدى،
بالىلارمۇ ئولتۇردۇق قاتار.
دادام ئاچتى تېلېۋىزورنى،
كۆرۈپ ئۇنى بولدۇق كۆپ خۇشال.
پەقەت مومام يىغلىدى كۈلمەي،
ياشلىرىنى سۈرتۈپ ھارمىدى.
سورىدىم مەن: «يىغلايسەن نېچۈن،
ياكى بىرەر دەردىڭ بارمىدى؟»
مومام ئالدى مېنى قۇچاققا:
«يىگىرمە يىل ياتتىم ماڭالماي.
تىياتىرنى ھەركۈنى چۈشەپ،
بىرەر قېتىم ئۆزۈم بارالماي.
ئىسلاھاتنىڭ باھارى مانا،
تىياتىرنى ئەكەپتۇ ئۆيگە...»
ھەممە كۈلدۇق، مومام شادلىنىپ،
چىرايىدا پارلىدى كۈلكە.





# گىلەمچى قىز

قىزىل يىپ، كۆك يىپ، ئاق يىپ، قارا يىپ،
تال ـ تال ئېشىپ، تال ـ تال چىگىپ،
بىرتالدىن كېسىپ؛
ھەرخىل رەڭلىك رەسىملەرنى
بىر ـ بىرىگە چېتىپ،
توقۇپ چىقتى گۈزەل گىلەم،
مېھرىنى قېتىپ.
سۈرۈشتۈرسەم گىلەمچى قىزدىن،
چېۋەر قولىنىڭ كارامىتىنى؛
يۈرىكىگە سىزىۋالغانىكەن
گۈزەل ئارزۇ ئالامىتىنى.

# بىنا سېلىش

مېنىڭ دادام ئۇستا بىناكار،
ئىشلەيدۇ ئۇ تاغلار بىلەن.
بىردىن تىزىپ خىشلارنى ئۇلار،
بىنا سالدى شۇنچىلىك بەلەن.
«كېلەچەكتە مەنمۇ بىناكار،
بولىمەن، — دەپ ئېيتتىم دادامغا، —
پۈتۈپ چىقار مېنىڭ قولۇمدىن،
ئېگىز - ئېگىز ھەيۋەت بىنالار.»
دادام كۈلدى ئۇرۇپ مۈرەمگە:
«بىناكار بول ھازىرلا زادى.
خىشتا ئەمەس، كىتابلار بىلەن
ياساپ چىققىن بىلىم بىناسى.»
مەن چۈشەندىم، چۈشەندىم تولۇق،
دادام قىلغان مۇشۇ ئىمانى.
مۆلچەرلىدىم ياسىشىمنى مەن
كېلەچەكتە قانداق بىنانى.



# خەت




يېزىدىكى ئامراق مومامغا،
بىرپارچە خەت يازدىم بىر كۈنى.
كىچىكتۇرۇپ قويماي دەرھاللا
سېلىۋەتتىم پوچتىدىن ئۇنى.
ئۆيگە كەلسەم، بىر نەرسەم كەمدەك،
ئويلاۋېرىپ ھېچ بىلەلمىدىم.
سىلاپ باقسام يۈرىكىم يوقتەك،
توغرا، ئۇنى خەت بىلەن قوشۇپ،
شۇ مومامغا ئەۋەتكەن ئىدىم.

# مەستلىك

ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا دائىم
ئانام تۆككەچ تامچە ـ تامچە تەر؛
بۈگۈن مانا ساڭگىلاپ پىشتى،
ئۈنچە كەبى ساپ ـ ساپ ئۈزۈملەر.
بىرتال يېسەم ئېرىپلا كەتتىم،
تېتىپ كەتتى ماڭا شۇ قەدەر.
ئانام كۈلۈپ سۆزلەۋاتاتتى:
«مەست بولدىغۇ ئەھمەتقۇ بەتتەر.»
بولغانىدىم راستتىنلا مەن مەست،
بۈگۈن ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا،
پىشقان ئۈزۈمنىڭ تاتلىقى بىلەن.
بولغانىدىم مەست،
يېگەن ئۈزۈمنىڭلا ئۆزىدە،
جان ئانامنىڭ خۇشال كۆزىدە،
مول ھوسۇلنىڭ شادلىقى بىلەن.



# غايىلىك قاغا

دەرستىن كېيىن سېغىنزغان بولدى،
باللارنى سىناپ باقماقچى.
«ساۋاقداشلار، غايەڭلەر نېمە؟
چوڭ بولغاندا نېمە بولماقچى؟»



كىچىك بۇركۇت گەپنى باشلاپتۇ:
«مەن چوڭ بولۇپ گېنېرال بولىمەن.
غايەم شۇنداق، ھەيۋىتىممۇ بار،
قاراڭ، ئۆزۈم شۇنچىلىك تىمەن!»
ساۋاقداشلار ۋىچىرلىشىپ ئۇنى داڭلاپتۇ.





قۇشقاچ چىقتى دەرھال ۋىچىرلاپ:
«مەن مۇئەللىم ـ ئۇستاز بولىمەن.
غايەم ئاشۇ، شۇنداق شەرەپلىك،
گەپ دېگەننى قۇيۇپ قويىمەن!»
ساۋاقداشلار بۇ گەپلەرنى خۇشال ئاڭلاپتۇ.

تۆمۈر تۇمشۇق گەپكە چۈشۈپتۇ:

«دوختۇر ئىدى ئاتام ۋە ئانام،

دوختۇر بولۇپ، ئاق كىيىم كىيىپ،

دەرەخلەرنىڭ كېسەللىكىنى

تۈگىتىمەن ئورماندا تامام.»

ساۋاقداشلار چاۋاك چېلىپ ئۇنى ماختاپتۇ.



گەپ تاشلاپتۇ قاغا بالىسى:
«بولايمىكىن دەيمەن يازغۇچى.
ئورمانلىقتا ھېكايە بەك كۆپ،
بولاي ئۇلارنى يېزىپ ئالغۇچى»



ۋاي - ۋۇي! دەپتۇ ساۋاقداشلىرى،
ئېغىزىنى تۇتۇپ كۈلۈشۈپ،
يازغۇچىمىش! بولغىن «ئازغۇچى»،
ھېكايىنى چوقۇپ تۈگىتىپ.
ھاھ - ھاھ -ھا! قاراڭلار ئۇنىڭ
تۇندەك قارا سەت تەلەتىگە.
يازغۇچىلىق ياراشماس ھەرگىز،
بۇجاھانىنىڭ سەندەك سەتىگە...





ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن،
زاڭلىق قىپتۇ كىچىك قاغىنى.
ئاچچىقلانغان ئىكەن سېغىزغان،
يېپىشىپتۇ ئۇلار ئاغزىنى.

هېچكىم كۆزگە ئىلمىغانلىقتا،
بىئارام بوپتۇ قاغا بالىسى:
ماڭا غايە ياراشىمادىكەن،
غايە بولۇشقا دەخلى قىلامدۇ،
مېنىڭ رەڭگىمنىڭ مۇنداق قارىسى؟





ئانىسىغا دەپتۇ قاغىجان،
يىغلاپ تۇرۇپ تارتقان دەردىنى.
«ئوبدان ئۆگەن، — دەپتۇ ئانىسى، —
بىلىپ ياشا بىلىم قەدرىنى.
ئازراق ئېۋەن بولسا كېرەك يوق،
بىلىم بىلەن تولۇقلا ئۇنى.
كۆزگە ئىلماي قويغانلار چوقۇم،
كەلگۇسىدە ماختايدۇ سېنى... »

كېيىن قانداق بولغانلىقىنى،
كىچىك دوستلار ئويلاپ بېقىڭلار.
شۇنداق، بىر كۈن سېغىزغان ئۇستاز،
بەرمەك بولۇپ يېڭى ساۋاقلار،
تاپشۇرۇقنى تەكشۈرگەن چاغدا،
قاغىجانىنىڭ «ئورمان گېزىتى»
ئېلان قىلغان بىر چۆچىكىنى،
ھەممەيلەنگە بەرگەندى ئوقۇپ،
ياڭراپ كەتتى قىزغىن چاۋاكلار.





# سېغىزغان ۋە قاغا

«شاققىر - شاققىر - شاق، دائىم بولۇڭ ساق!»
«شاققىر - شاققىر - شاق، بولسۇن يولۇڭ ئاق!»
ھەردەم ئەدەپلىك، ياخشى تىلەكلىك
سېغىزغانلارغا بىز شۇڭا ئامراق.

«قاق - قاق - قاق- قاق - قاق، ئۇچرىغاي پىشكەل!»
«قاق - قاق - قاق - قاق- قاق، باسقاي كۆپ كېسەل!»
ئىچ - تېشى قارا، شۇم ئېغىز قاغا،
لەنەتكە قېلىپ، ئالدى سەت ئاتاق.

# نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۇك

يىقىلىپ چۇشكەندە تىيىن دەرەختىن،
توشقانباي بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ.
كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلىسا تىيىن،
توشقان خۇش ئۆزىچە خۇشال كۇلۇپتۇ.

كۇلۇپتۇ تىيىنى ئىقتىدارسىز دەپ،
كۇلۇپتۇ تىيىننىڭ بېلى سۇنغانغا.
بەك كۇلۇپ يىرتىلىپ قاپتۇ كالپۇكى،
ئاغرىقتىن جاھان تار كەپتۇ توشقانغا.



# بولغۇم بار

مېنىڭ بەكمۇ بېلىق بولغۇم بار ،
كىرسەم دەيمەن دېڭىز - ئوكيانغا.
ئۈزسەم يەنە ئېرىق - ئۆستەڭدە،
دولقۇن بىلەن شۇڭغۇپ ھەريانغا.

مېنىڭ بەكمۇ قۇشقاچ بولغۇم بار ،
يايلاقلارنى ئۇچۇپ كەزگۈدەك.
ئورمانلارنىڭ ئىچىدىن چىقىپ،
بۇلۇتلارنى سۆيۈپ كەلگۈدەك...





# مەن ـ يېشىل

دادام رەسسام، ئانام رەسسام، بار بەكمۇ ئېپى،
ئۇلارنىڭچە ئادەملەرمۇ رەڭلەرنىڭ تىپى.
دادام دەيدۇ: «سېنىڭ ئاناڭ كۆك رەڭنىڭ ئۆزى،
قارا ئەنە كۆك ئاسماندەك نۇرلۇقتۇر يۈزى.»
ئانام دەيدۇ: «داداڭ ئالتۇن كۆزدەك ساپسېرىق،
كۈچ ـ بەرىكەت يېغىپ تۇرار بۇ رەڭ ئارقىلىق.»
ئۇلار دېدى: «سەن يېشىلسەن، يېشىل بەك ئوماق،
كۆك ۋە سېرىق ئارىلاشسا بولىدۇ شۇنداق.»